# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى بارماقلىرىمىزنى ۋە تاماق قاچىمىزنى يالىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى ۋە: «بەرىكەتنىڭ تامىقىڭلارنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر»دەيتتى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى بارماقلىرىمىزنى ۋە تاماق قاچىمىزنى يالىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى ۋە: «بەرىكەتنىڭ تامىقىڭلارنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر» دەيتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە:«سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يېگەن تامىقىدىن بىر لوقما چۈشۈپ كەتسە، تازىلىۋېتىپ يېسۇن، شەيتانغا قالدۇرۇپ قويمىسۇن، بارماقلىرىنى يالىۋەتمىگۈچە قولىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتىۋەتمىسۇن، چۈنكى ئۇ ئادەم بەرىكەتنىڭ قايسى تامىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەيلى نېمە ئىش قىلمىسۇن شەيتان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ، ھەتتا تاماقىنىمۇ بىللە كېلىدۇ، ئەگەر يىمەكلىك يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تېرىپ پاكىزلىغاندىن كېيىن يېۋەتسۇن، ئۇنى شەيتانغا قالدۇرۇپ قويمىسۇن»دېيىلگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاماق يېيىش ئەدەبلىرىدىن نەقىل قىلىدۇ، ئىنسان يېمەك يېگەندىن كېيىن بارماقلىرىنى ۋە تاماق يېگەن قاچىسىنى تاماق يۇقى تۈگىگىچە يالىۋېتىشى كېرەك، چۈنكى سىلەر قايسى تامىقىڭلاردا بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيسىلەر، شۇنىڭدەك يەنە تاماق يېيىشنىڭ ئەدەبلىرىدىن: ئىنسان تاماق يەۋېتىپ بىرەر لوقما تاماق يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئۇنى تاشلىۋەتمىسۇن، چۈنكى شەيتان ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ھازىر بولىدۇ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن لوقمىنى ئالىدۇ، بۇنى بىز كۆرۈپ تۇرغاندا ئالمايدۇ چۈنكى بۇ غەيبى ئىشلاردىن بولۇپ بىز كۆرمەيمىز لېكىن ئۇنى راست سۆزلىگۈچى ۋە سۆزى تەستىقلانغۇچى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق بىلىمىز، شەيتان ئۇنى ئېلىپ يەيدۇ، گەرچە ئۇ بىر لوقما تاماق بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇنى شەيتان بىزگە كۆرسەتمەي يەيدۇ، بۇ بىز ئىشىنىش زۆرۈر بولغان غەيبى ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10103